# سەن ئەھلى كىتاپتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىڭدا ئۇلارنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئاز بىن جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ئەھلى كىتاپتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىڭدا ئۇلارنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئادا قىلىشقا بۇيرىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا سەدىقىنى پەرز قىلغانلىقىنى، سەدىقە ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پەقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئېسىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ساقلانغىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورقىن، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەردە يوقتۇر».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئاز بىن جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يەمەندە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابقا دۇچ كېلىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار بولۇشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغاندا ئاۋۋال ئەڭ مۇھىم بولغاندىن باشلاش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇلارنى ئاۋۋال ئەقىدىنى توغرىلاپ ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ كەلىمە بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا بويسۇنسا، ئۇلارنى نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، چۈنكى ناماز بولسا تەۋھىددىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار نامازنى ئادا قىلسا، ئۇلارنىڭ بايلىرىنى ماللىرىنىڭ زاكىتىنى كەمبەغەللىرىگە بېرىشكە بۇيرىدى، شۇنداقلا، زاكاتنى ئالغاندا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى زاكاتتا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئوتتۇرۇھاللىرىنى ئالسا ۋاجىپ ئادا تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەددۇئاسىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن زۇلۇمدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىدى، چۈنكى مەزلۇمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee